# ۋەتەن ھەققىدە
# ھېكمەتلەر



شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى

# ۋەتەن ھەققىدە ھېكمەتلەر

پىلانلىغۇچى: مۇرات ئېلى
باش تۈزگۈچى: ئۆمەرجان نۇرى
تەكلىپلىك مۇھەررىر: خاسىيەت ئىبراھىم
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەنۋەر قۇتلۇق
مەسئۇل كوررېكتورى: قەييۇم تۇرسۇن

شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ــ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ــ سىن نەشرىياتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىيكتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

**图书在版编目(CIP)数据**

关于祖国的格言:维吾尔文/阿迪力·穆罕默德主编. —乌鲁木齐:新疆美术摄影出版社:新疆电子音像出版社,2008.7

ISBN 978-7-80744-366-7

Ⅰ.关... Ⅱ.阿... Ⅲ.格言—汇编—世界—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.H033

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2008)第 108090 号

| | |
|---|---|
| 书　　名 | 关于祖国的格言 |
| 策　　划 | 穆拉提·伊力 |
| 主　　编 | 阿迪力·穆罕默德 |
| 编　　者 | 艾则孜·阿塔吾拉·萨尔特肯<br>阿卜都卡得尔·阿塔吾拉 |
| 特约编辑 | 阿米娜·克奇克 |
| 责任编辑 | 艾尼瓦·库迪力克 |
| 责任校对 | 克尤木·吐尔逊 |
| 出　　版 | 新疆美术摄影出版社<br>新疆电子音像出版社 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市西虹西路 36 号 |
| 邮　　编 | 830000 |
| 发　　行 | 新疆新华书店 |
| 印　　刷 | 新疆新华印刷厂 |
| 开　　本 | 880mm×1230mm　32 开 |
| 印　　张 | 5 印张 |
| 版　　次 | 2008 年 9 月第 2 版 |
| 印　　次 | 2008 年 9 月第 1 次印刷 |
| 书　　号 | ISBN 978-7-80744-366-7 |
| 定　　价 | 12.90 元 |

(书中如有缺页,错页及倒装请与工厂联系)

www.uyghurkitap.com

# تۈزگۈچىدىن

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، قايسى بىر دانىشمەن «دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئىلكىدىدۇر» دېگەن ئىكەن. دەرۋەقە دۇنيا دانىشمەنلەرنىڭ ئەقىل ـ پاراسەت جەۋھەرلىرى بىلەن ئۆز مەنىدارلىقىنى نامايان قىلىپ كەلمەكتە. تارىختا ئۆتكەن مەشھۇر مۇتەپەككۇرلارنىڭ كىشىلىك ھايات يەكۈنلىرى بولغان ھېكمەتلىك ئىبارىلەر زامان ـ زامانلارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قىممىتى يوقىماس گۆھەردەك نۇر چېچىپ، خەلقنىڭ مەنىۋىيىتىنى تويۇندۇرۇشىدىكى خورىماس بۇلاق بولۇپ كەلدى. ئىلگىرى ئۇلارنىڭ ھېكمەتلىك ئىبارىلىرى پارچە ـ پارچە مەنبەلەردە ئېلان قىلىنغان ياكى قىسقىچە توپلام ھالەتتە نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئەمما مەزمۇن بويىچە ئايرىم ـ ئايرىم توپلام قىلىنمىغان ئىدى. بۇ قېتىم بىز ھەرقايسى مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان ۋە تۈرلۈك ئەسەرلەردە تىلغا ئېلىنغان ھېكمەتلىك سۆزلەرنى توپلاپ، مەزمۇن بويىچە تۈرگە ئايرىپ «ھېكمەت دۇردانىلىرى مەجمۇئەسى» دېگەن نام ئاستىدا 50 يۈرۈش كىتاب قىلىپ تۈزۈپ چىقتۇق. ئىشىنىمىزكى، بىزنىڭ بۇ كىچىككىنە ئەمگىكىمىز خەلقىمىزنىڭ تارىختا ئۆتكەن ھەرقايسى ئەل مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ دۇنيا قارىشى بىلەن تونۇشۇشىدا، شۇنداقلا ئۇنىڭدا ئېيتىلغان ھايات تەجرىبىلىرى ئارقىلىق ئۆز مەنىۋىيىتىدىكى بوشلۇقلارنى تولدۇرۇشىدا كۆۋرۈكلۈك رول ئوينايدۇ.

ناۋادا مەن ۋەتەن تۇپرىقىدا ئۆسكەن بىر تال بۇغداي باشىقى بولسام ئىدىم، بالىلار مېنى ئۈزۈۋېلىپ، ئەزرائىلنى نېرى قوغلىغان بولاتتى.

جىبران: «دىلدارىمنىڭ ئۆلۈمى» دىن

ئەگەر مەن ۋەتەن بېغىدىكى بىر دانە پىشقان مېۋە بولسام ئىدىم، ئاچ ئاياللار مېنى يەپ، قورسىقىنى ئارام تاپقۇزغان بولار ئىدى.

جىبران: «دىلدارىمنىڭ ئۆلۈمى» دىن

ئەگەر مەن ۋەتەن ئاسمىنىدا ئۇچقان بىر قۇش بولسام ئىدىم، ئاچ يىگىتلەر مېنى ئېتىپ يەپ، ئۆزىنى چاقىرىۋاتقان قەبرە يېنىدىن يىراق كېتەر ئىدى.

جىبران: «دىلدارىمنىڭ ئۆلۈمى» دىن

كىشىلەر ماڭا: «ۋەتىنىڭ دۆچ كەلگەن بالا ـ قازا — ئالەم دۆچ كەلگەن بالا ـ قازانىڭ بىر قىسمى. ۋەتىنىڭدىن ئاققان ياش ۋە

قان — ئالەمدىكى جىلغىلار، تۇزلەڭلىكلەردە ئۆركەشلەپ ئېقىدۋاتقان قان ۋە ياشلارنىڭ پەقەتلا بىر تامچىسى» دەيدۇ.

جىبران: «دىلدارىمنىڭ ئۆلۈمى» دىن

ئەگەر ئالەمدە يەر تەۋرەپ، شۇ تۇپەيلى ئېلىم ئاستىن - ئۈستۈن بولۇپ، ئۆيلەر ئۆرۈلۈپ، جانجىگەرلىرىم تۇپراق ئاستىدا قالسا، مەن: «بۇ ئېچكى قانۇنىيەت، ئادەمنىڭ ئۇنىڭغا ئامالى يوق، ئۇنىڭ سىرلىرىنى بىلىپ يەتكىلى بولمايدۇ» دېگەن بولار ئىدىم.

جىبران: —«دىلدارىمنىڭ ئۆلۈمى» دىن

بىز ئۆز مىللىتىمىزنى سۆيىمىز، بۇ ئۆزىمىزگە بولغان ئىشەنچىمىزنىڭ مەنبەسىدۇر.

جۇ ئېنلەي

خەلق ۋەتەننى سۆيۈشكە ھوقۇقلۇق بولۇپلا قالماي، ۋەتەننى سۆيۈش مەجبۇرىيەتتۇر، شەرەپلىك ئىشتۇر.

شۈي تېلى

ئورنۇمنىڭ تۆۋەنلىكىگە قارىماي ۋەتەننىڭ غېمىنىلا يەيمەن.

لۇ يۇ

ئەلنىڭ گۈللىنىشى ياكى خارابلىشىشىدا ھەممە ئادەمنىڭ مەسئۇلىيىتى بار.

گۇ يەنۋۇ

ھەممىمىز بىلىمىمىزنى دۆلىتىمىزنىڭ قۇدرەت تېپىپ چەتنىڭ بوزەك قىلىشىغا ئۇچرىماسلىقى، يەر شارىدا ئۆز ئالدىغا قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇشى ئۇچۇن سەرپ قىلىشىمىز لازىم.

جەن تيەنيۆ

ۋەتەننى سۆيۈش — ھەقلىق ئىش.

مېينې

شۆھرەتپەرەس ئادەم ئۆز نامىنىڭلا كويىدا يۈرىدۇ، شانۇ شەۋ-كەتلىك ئادەم ۋەتەننىڭ ئىشىغا كۆڭۈل بۆلىدۇ.

مارتى



ئىلىم - پەننىڭ چېگراسى بولمايدۇ، چۈنكى، ئۇ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ بايلىقى، دۇنيانى يورۇتىدىغان مەشئەل. لېكىن ئالىم-نىڭ ۋەتىنى بولىدۇ.

پاستېر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ كۈچ ـ قۇدرىتى نەقەدەر زور ـ ھە! ئۇنىڭ ئالدىدا كىشىلەرنىڭ ھاياتنى سۆيۈش، جاپا ـ مۇشەققەتتىن قورقۇش ھېسسىياتى قانچىلىك نېمە ئىدى!؟ ئۇنىڭ ئالدىدا ئادەمنىڭ ئۆزىمۇ قانچىلىك نېمە ئىدى!؟

چېرنىشېۋسكىي

مەن ۋەتىنىمنىڭ بۈگۈنىنى مەدھىيىلەيمەن، ئۇنىڭ كەلگۈسىنى تېخىمۇ مەدھىيىلەيمەن.

ماياكوۋسكىي

ئومۇملۇق قىسمەنلىك ئىچىدە بولىدۇ؛ ۋەتەنسىز ئادەم ئادەم ئەمەس.

بېلىنسكىي

ئىلىم ـ پەننىڭ دۆلەت چېگراسى بولمايدۇ، ئەمما ئالىمنىڭ دۆلەت تەۋەلىكى بولىدۇ.

پاۋلوف

نەپرەت بىلەن كۆپەيتىلگەندىن كېيىنكى ۋەتەنپەرۋەرلىكلا ئادەمنى غەلىبىگە باشلاپ بارالايدۇ.

ئوستروۋسكىي

ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەخلاقتا ۋە ئېتىقادتا ئوخشاش ئادەمنى ئالىي-جانابلىقتا باشلايدۇ، ئادەمنى ھەقىقىي گۈزەل نەرسىلەرنى بارغان-سېرى چۈشىنىش ۋە سۆيۈش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىدۇ، ئادەمنى گۈزەل نەرسىلەرگە بولغان سېزىمدىن ھۇزۇرلاندۇرىدۇ ھەمدە تۈر-لۈك يوللار بىلەن گۈزەل نەرسىلەرنى ئۆز ئەمەلىيىتىدە نامايان قىلىشقا يېتەكلەيدۇ.

كايوف

مەندە ئازراق بولسىمۇ قابىلىيەت بار دېيىلىدىغان بولسا، ئۇنى ۋەتەنگە بېغىشلاش مەجبۇرىيىتىم بار.

لىننې

خەلق روھىلا قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ، ئۇنى جارى قىلدۇرغاندىلا، جۇڭگولۇقلار ئاندىن ھەقىقىي ئالغا باسالايدۇ.

لۇشۈن



مەن ئۆلسەم جەسەت كۈلۈمنى يۇرتۇمغا ...ئاپىرىپ كۆمۈڭلار، قەۋرەمنىڭ باش تەرىپىگە بىر تۈپ ئالما تىكىپ قويۇڭلار، ئانا يۇرتۇمغا، قان - قېرىنداشلىرىمغا، يۇرتداشلىرىمغا ئاخىرقى قېتىم

ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىكىتى

بېرىدىغىنىم شۇ بولۇپ قالسۇن.

يېك دېخوۋەي

ۋەتەننى سۆيمەي بولمايدۇ …لېكىن بۇ سۆيگۈ ھازىرقى ھالەتكە پاسسىپ ھالدا قانائەتلىنىپ قالماي، ھازىرقى ھالەتنى ئۆزگەرتىش كويىدا بولۇشى ھەمدە بۇ ئۆزگەرتىشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرۈشى لازىم.

بېلىنسكىي

مەن پۈتكۈل ھاياتىمدا پەن تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئۇنى مېنى تۇغقان، ئۆستۈرگەن ۋەتىنىمگە ۋە خەلقىمگە تەقدىم قىلىمەن.

پاۋلوف

نېمىلا ئىش قىلاي، كۈچۈن يار بېرىدىغانلا بولسا، ھامان ئالدى بىلەن ۋەتىنىم ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىلا ئويلايمەن.

پاۋلوف

ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىك چىرايلىق سۆزدە ئەمەس، بەلكى ۋەتەننىڭ، خەلقنىڭ مەنپەئەتىنى كۆزلەش يولىدىكى ھەرىكەتلەردە ئىپادىلىنىشى لازىم.

دۇبروليۇبوف

كىمكى بىر يەردىن يەنە بىر يەرگە قاچسا، نامەردلىك تۇپەيـ
ـسىنى مەردلىك ۋە يىگىتلىكنىڭ بېشىغا چاپقان بولىدۇ. بۇ خىل
كىشىلەرنى ئەركەكلەرنىڭ ساندىن ۋە يىگىتلىك دائىرىسىدىن
چىقىرىۋېتىش كېرەك.

ئەلىشىر نەۋائى

تەنها ئادەم ئۆز دەردىگە داۋا تاپالماس.

ئەلىشىر نەۋائى

ئەلگە قوشۇلغان دوست تاپار.

ئەلىشىر نەۋائى

ئالتۇن قەپەس قىزىلگۈللەر بىلەن بېزەپ قويۇلغان تەقدىردى
ـمۇ، بۇلبۇلغا تىكەنچىلىك ماكان بولالمايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

رەنج ـ غۇربەت خالىمىساڭ، ۋەتەننى بىر نەپەسمۇ تەرك ئەتمە.

ئەلىشىر نەۋائى

ئەلنىڭ سۆزىنى يامانلىق تەرەپكە بۇرىما، غالىب دۈشمەن

يېڭىلگەن بولسا، يامانلىقىنى ئاشكارىلاپ، ياخشى تەرىپىنى ئىيايما، كۈچلۈك دۈشمەن مەغلۇبىيەت بولسا، ئەركەكچىلىك قىلىڭ.

ئەلىشىر نەۋائى

قايسى قوۋمنىڭ كۆرۈنۈشى بىلەن كۆرۈنسەڭ، شۇ قوۋمدىندىسەن، ئۇلار يامان بولسا سەنمۇ يامان، ئۇلار ياخشى بولسا سەنمۇ ياخشى. ئۆزىنى ياخشىلار ئارىسىدا تۇتۇپ ۋە ئۇلارنىڭ پېشىگە ئېسىلغان ياخشىراقتۇر ھەم خەۋپتىن يىراقتۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

مالدىن خەلق پايدىلانغاندا، دۈشمەن زەھەر يېگەندەك بولسا، ئۇ مالدۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئىتىنى ئىلگىرى سۈرگۈچى كىشى دۈشمەنلىك كىشىدۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

كىشىنىڭ ئىشىنى باشقا كىشىنىڭ ئىشى دەپ تونۇغان ئادەم ئۆزىنى كىشى دەپ ھېسابلىماسلىقى كېرەك.

ئەلىشىر نەۋائى

بېشىڭغا پەلەكتىن تاش ياغسىمۇ، ئەل خىزمىتىدىن باش تارتما، ئۇ تاشلار بىلەن بېشىڭ يېرىلىپ تاتۇق بولۇپ قالسا، ئۇ بەختىنىڭ بەلگىسى بولۇپ قالىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ئاچلىق ھېكمەتنىڭ دەسمايىسىدۇر، توقلۇق غەپلەتنىڭ زىدىۇزىنىتىدۇر، توقلۇققا ھېرىس بولۇشنى كۆڭلۈڭدىن يوق قىل، ئۆزۈڭ ئاچ بولۇپ يەنە بىرىنى توق قىل، ئۆزۈڭنى چىرايلىق كىيىم كىيىشنى خىيال قىلىشتىن ساقلا، كىيىمنىڭ چىرايلىقىنى ئىزدىسەڭ بىر يالىڭاچنى كىيدۈر، كىيىم ھەرقانچە زىبادۇر، كىيگىنىڭدىن كىيدۈرگىنىڭ ئەلادۇر.

ئەلىشىر نەۋائى

كىمكى ئەل خىزمىتىگە ئۆمرىنى سەرپ ئېتەر، ئەگەرچە ئۆمرى كېتەر، مەڭگۈلۈك ئۆمۈر يېتەر، ئۆزۈڭنى بۇ توپتىن يىراق تۇتما، بېشىڭ كەتسىمۇ، بۇ مۇددىئانى ئۇنتۇما.

ئەلىشىر نەۋائى

ئۆز ئېلىڭنىڭ جىسمى ئۇچۇن جان، دەردىگە دەرمان بولۇشۇڭ

كېرەك. قىسقىسى، ئەل كىرگەن كېچىككە سەنمۇ كىرىپ، جارا-
ھەتلىرىگە مەلھەم بولۇشۇڭ لازىم.

ئەلىشىر نەۋائى

نەۋائىنىڭ ئىراق، مەككىلەرگە بارماسلىقىغا ھىرات ئېلىنىڭ
پاكلىقى سەۋەبچى.

ئەلىشىر نەۋائى

مەملىكەت زۇلۇم شامىلىنىڭ ئاجىزلار چىرىغىغا تەشۋىش
سېلىشى ۋە جەبىر - جاپا ئوتىنىڭ ئاسايىشلىق خامىنىغا زىيان
يەتكۈزۈشىدىن ھەرگىز خالىي بولالمايدۇ. ھەرقانداق زالىم جاپا-
كارلىق تىغىدىن زۇلۇم قاپلىنىغا ئوخشاش، ئاجىزلارنىڭ پاراغەت
كېپىكىنى قەيەردە كۆرەرمەن دەپ كۆز تىكىدۇ. ئۇ كېپىنكى قانداق
ئوۋلاش ھەلەكچىلىكىدە ئالەم جاڭگىلىدا قانچىلىغان زۇلۇم چاڭ-
گاكلىرىنى تەييارلايدۇ. كېپەك جېنىنى ئېلىپ قاچماقچى بولسا،
زالىم ھەربىر چىشلىرىدىن زەھەرلىك تىكەنلىرىنى چىقىرىدۇ.
نەتىجىدە ئۇ، بەختسىز كېپىكنىڭ تېنى ۋە ئىچكى ئەزالىرى بىلەن
ئۆزىنى يامان يولغا باشلىغۇچى نەپسىنىڭ مۇرادىنى ھاسىل قى-
لىپ، يىرتقۇچ ھايۋانلارچە ئىشتىھاسىغا ئارام بەرمەكچى بولىدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ھېرىسمەنلىك ۋە ھەۋەس خامانلىرى كۆككە سورۇلمىسا، نەپسانىيەت ۋە ھاۋايى - ھەۋەس قەسرى يىقىتىلمىسا، زۇلۇم ۋە ناھەقچىلىكنىڭ جانلىرىغا جەبىر - زۇلۇم يەتمىسە، ئەل شادلانمايدۇ، مەملىكەت ئاۋات بولمايدۇ.

ئەلىشىر نەۋائى

ۋەتەن دېگەن نېمە؟ بۇ ئۆزىنىڭ تارىخىي ھەرىكىتىنى مەزكۇر مەيداندا كامالەتكە يەتكۈزىدىغان پۈتكۈل خەلقتۇر. بۇ، خەلقنىڭ ئۆتمۈشى، بۈگۈنى ۋە كېلەچىكىدۇر. بۇ، ئۇنىڭ رەڭمۇ رەڭ مەدەنىيىتى، تىلى، خاراكتېرى، ھەممىدە ئۇ ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشۇرۇلغان ئىنقىلابىي مەقسەت، تارىخىي ئۆزگىرىشلەر ۋە ئۇنىڭ تارىختىكى مۇھىم باسقۇچلىرىدۇر.

ئا. ن. تولستوي

ئۆز ۋەتىنىڭنىڭ پەرزەنتى بول. قەدىردان تۇپراق بىلەن ئۆزۈڭنىڭ چەمبەرچاس باغلىنىشلىق ئىكەنلىكىڭنى چوڭقۇر ھېس قىل، ئۇنىڭغا پەرزەنتلىك مۇناسىۋەتتە بول. ئۇنىڭدىن بىر ھەسسە نەرسە ئالغان بولساڭ، ئورنىغا يۈز ھەسسە قايتۇر.

ك. د. ئۇشىنسكىي

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

باشقا تۇرلۇك ـ تۇرلۇك دۆلەت ئۆلكىلەر بولسىمۇ لېكىن ئىنساننىڭ تۇغقان ئانىسىمۇ، ۋەتىنىمۇ بىرلا.

ك. د. ئۇشىنسكىي

ھەربىر ئالىيجاناب شەخس ۋەتەن بىلەن ئۆزىنىڭ قانداشلىقى، قېرىنداشلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلالايدۇ.

ۋ. گ. بېلىنسكىي

چۆلدە ئۆمىلەپ يۈرگەن جانىۋارلارمۇ تۇغۇلۇشىدىنلا ئۆز ماكانلىرىنى بىلىدۇ. ھاۋادا ئۇچقۇچى قۇشلارمۇ، دېڭىز ۋە دەريالاردىكى بېلىقلارمۇ ئۆز ئۇۋۇلىرىنى ھېس قىلىدۇ. بالىلىرى ۋە بالىلىرىنىڭ بالىلىرىمۇ ئۆز ئۇۋۇلىرىنى مۇھاپىزەت قىلىدۇ. شۇنداقلا، ئادەملەرمۇ قەيەردە تۇغۇلۇپ تەربىيىلەنسە، شۇ جايغا چەكسىز مېھرىبان بولىدۇ.

ق. سكورىنا

ۋەتەنپەرۋەرلىك دېگەن يالغۇز ئۆز ۋەتىنىگە مېھىر باغلاشتىن ئىبارەتلا ئەمەس، بۇ — ۋەتەن بىلەن ئۆزىنى بىر گەۋدە دەپ بى-

لىشتۇر. ۋەتەننىڭ ياخشى ـ يامان كۈنلىرىدە ئەسقىتىش دېمەكتۇر.

ئا. ن. تولستوي

كىم قايغۇ ـ ئەلەمنى خەلق بىلەن تەڭ بۆلۈشۈپ ئالالمايدى‑
كەن، ئۇنىڭ شادلىق بايرىمىدا ئۆزىنى خورلانغان ھېس قىلىشى
شۈبھىسىزدۇر.

ل. ن. لېئونوف

كىمكى، چوڭ بەختسىزلىك پەيتلىرىدە، ۋەتەنگە جان پىدا
قىلىشتىن باشقا خىياللارغا بېرىلىدىكەن. ئۇنىڭ ئازاد دۆلەتتە يا‑
شاش لاياقىتى يوق.

ف. كىلىنگېر

ئىنسان ھەممىدىن بۇرۇن ئۆز مەملىكىتىنىڭ پەرزەنتى، ۋە‑
تەن مەنپەئەتلىرىنى دىلىغا پۈككەن پۇقرادۇر.

ۋ. گ. بېلىنسكىي



ساخاۋەت ئۇچۇن بولغان ئەڭ زور باتۇرلۇقلار ۋەتەنگە بولغان
مۇھەببەت سەۋەبىدىن بارلىققا كەلگەن.

ژ. ژ. روسسو

www.uyghurkitap.com

ۋەتەنپەرۋەر —ئۆز ۋەتىنىنىڭ كامالەتكە يېتىش يولىدا، ئۇنى خەلقىگە بولغان مۇھەببىتى سەۋەبىدىن پۈتۈن گۈزەللىكىنى، جېنىنىمۇ ئايىمايدىغان ئىنساندۇر. خەلقىنىڭ، ۋەتىنىنىڭ ئازادلىقى، پاراۋانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى قۇربان قىلغۇچى ئىنساندۇر.

م. ئاخۇندوف

ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ تەربىيىۋى ئەھمىيىتى ناھايىتى چوڭ. ئۇ، كىشىنى ئىنسانىيەت ھەققىدىكى غايىلەر بىلەن جانلاندۇرىدىغان مەكتەپ.

م. ئى. سالتىكوف ـ شېدرىن

ۋەتەن غايىسى ھەممە كىشى ئۈچۈن ئوخشاشلا مەنپەئەتلىكتۇر. ئۇ، توغرا كىشىلەردە جاسارەت ھەققىدە پىكىر ئويغاتسا، ناپاك كىشىلەرنى ۋەتەن غايىسىز تىللىرى كېسىك بولۇپ قېلىشلىرى مۇقەررەر بولغان كۆپلەپ قەبىھلىكلەردىن ساقلاپ قالالايدۇ.

م. ئى. سالتىكوف ـ شېدرىن

ۋەتەن غايىسى شانلىق يىللاردىمۇ، كۈندىلىك ھاياتتىمۇ ۋەتەننىڭ ھەربىر ئەزاسى ئۈچۈن بىردەك خاس بولۇشى كېرەك. شۇ

سەۋەبتىن، بۇ غايىنى ھەقىقىي ھېس قىلغاندىلا، كىشى ئۆزىنى ۋەتەننىڭ پۇقراسى دەپ ھېسابلاشقا ھەقلىقتۇر.

م. ئى. سالتكوف ـ شېدرىن

ۋەتەنپەرۋەرلىك دېگىنىمىز — تەنتەنىلىك خىتابلار ۋە ئو-مۇمىي گەپلەرنى كۆزدە تۇتمايدۇ. ۋەتەنپەرۋەرلىك — ۋەتەنگە قىز-غىن ھېسسىياتى بىلەن مۇھەببەت باغلاش، دەبدەبىسىز سەمىمىي گەپ قىلىش، گۈزەللىككىلا ئەجەبلىنىپ قالماي، بەلكى ھەر يەردە، ھەرقانداق ۋەتەندە مۇقەررەر بولۇپ تۇرىدىغان ياۋۇزلۇقنى چىن دى-لىدىن يامان كۆرۈش دېمەكتۇر.

ۋ. گ. بېلىنسكىي

كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى سۆزى بىلەن ئەمەس، بەلكى ئەمەلىيىتى ئارقىلىق ئىسپاتلىنىدۇ.

ۋ. گ. بېلىنسكىي



ۋەتەن ئالدىدىكى مەسئۇلىيەت — ئىنسان ئۈچۈن مۇقەددەستۇر.

ۋ. ئا. سۇخوملىنسكىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ۋەتەنگە پايدىسىز ياشىغان ھەر كۈن،
ئىنسان ھاياتىدا قالار بىمەزمۇن.

م. روبېسپىر

يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك — ۋەتەننىڭ پاراۋانلىقى يولىدا چەكسىز جان پىدا قىلىشتۇر.

ن. گ. چېرنىشېۋىسكىي

ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت مەۋھۇم چۈشەنچە بولماستىن، بەل-كى ئۇ تەشكىللاتچىلىقنى، تەرەققىيات ۋە مەدەنىيەتنى تەلەپ قىلى-دىغان ئەمەلىي روھىي كۈچتۇر.

ئا. ن. تولستوي

ساپ ۋىجدانلىق كىشىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك — ئۆز ۋەتىنى پاي-دىسىغا ئەمگەك قىلىش ئىشتىياقىدىن باشقا نەرسە بولماسلىقى كېرەك. ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇنىڭدا باشقا بىرەر نەرسىدىن ئەمەس، بەلكى ئىلاجىنىڭ بارىچە كۆپ ۋە جايىدا پايدىلىق ئىشلارنى قىلىش ئىشتىياقىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

ن. ئا. دوبروليوبوف

ۋەتەنگە مۇھەببەت — ئەڭ ئاۋۋال ۋەتەنگە سەممىمي قىزغىنلىق بىلەن، ئۇنۇملۇك ئارزۇ بىلەن، گۈزەللىك ۋە مەرىپەت تىلەشتىن ئىبارەتتۇر. ۋەتەنىنىڭ مېھرابىغا ھەممە نەرسىنى، ئەزىز جاننىمۇ پىدا قىلىش، ۋەتەندىكى ھەممە ياخشى نەرسىلەرگە قىزغىن ھېسداشلىق بىلدۈرۈش، ۋەتەنىنىڭ كامالەتكە يېتىشىگە توسقۇن بولۇۋاتقان نەرسىلەرگە غەزەپ ـ نەپرەت ياغدۇرۇشتۇر.

ن. ئا. نىكراسوف

ۋەتەنپەرۋەر —ۋەتەنگە خىزمەت قىلىۋاتقان كىشىدۇر. ۋەتەن —بۇ ئەڭ ئالدى بىلەن خەلقتۇر.

ن. گ. چېرنىشېۋىسكىي

ۋەتەنپەرۋەرلىك —ۋىجدانىي ۋە نازاكەتلىك تۇيغۇدۇر... مۇقەددەس سۆزلەرنى ئېھتىيات بىلەن قىل، «ۋەتەنگە مۇھەببەت» توغرىسىدا كەلگەنلىكى يەردە سۆزلەۋەرمە. ئەڭ ياخشىسى ۋەتەنىنىڭ روناق تېپىشى ۋە كۈچىيىشى يولىدا سەممىمي ئەمگەك قىل.

ۋ. ئا. سۇخوملىنىسكىي

يېقىنقى مەزگىللەرگىچە، ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋەتەندىكى ھەممە

ياخشى نەرسىلەرنى مەدھىيىلەشتىن ئىبارەت دەپ چۈشىنىپ كې-لىندى. ئەمدىلىكتە، ۋەتەنپەرۋەر بولۇش ئۈچۈن، بۇ نەرسىلەرلا كۇ-پايە قىلمايدۇ. ئالايلى، ئاشۇ ياخشى نەرسىلەرنى مەدھىيىلەش بىلەن بىر چاغدا، بىزدە يەنە ھازىر مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان بىمەنىلىك-لەرنى شەپقەتسىز پاش قىلىش ۋە رەت قىلىشمۇ تۇرۇپتۇ.

ن. ئا. دوبروليوبوف

خەلق پاراۋانلىقى يولىدا ھەر تۈرلۈك ئۇسۇللارنى ئىزلەش ۋە ئامالىنىڭ بارىچە ۋەتەنگە زىيان يەتكۈزىدىغان ئىللەتلەرگە خاتىمە بېرىش كېرەك.

ن. ئا. كرىلوف

ۋەتەنگە مۇھەببەت قارىغۇلارچە ئىھتىرام ئەمەس. بەلكى، دانا ئەقىل پائالىيىتىدۇر.

ن. م. كارامزىن

ئەڭ يېقىملىق ۋە قىزغىن ئىشلارمۇ، ۋەتەنگە خەۋپ سالىدىغان خەتەر ئالدىدا نېرى سۈرۈپ قويۇلىدۇ.

ل. م. لېئونوف

بىزگە ئاتا ـ ئانىلار، باللار، يېقىن ئۇرۇق ـ تۇغقانلار قىممەتلىكتۇر؛ لېكىن مۇھەببەت بابىدىكى ھەممە تەسەۋۋۇرلىرىمىز بىرلا «ۋەتەن» دېگەن سۆزگە مۇجەسسەملەشكەندۇر. ۋەتەنگە نەپ تەگكۈدەك بولسا، قېنى، ئاخىر قايسى ۋىجدانلىق كىشى ئۇنىڭ ئۈچۈن جان بېرىشكە ئىككىلىنىدىكەن؟

تىستىسېرون

مەرىپەتلىك خەلقلەرنىڭ جاسارىتى — ۋەتەن يولىدا قۇربان بولۇشقا تەييار تۇرغانلىقىدا ئىپادىلىنىدۇ.

گ. گېگېل

ئەڭ بولىدىغان پەزىلەت — ۋەتەنگە ۋە ئادەمزاتقا قىلىنىغان خىزمەتتە.

د. دېلىل



ئەگەر ھايات گۈزەللىكى ھەققىدە سۆز بولىدىغان بولسا، ۋەتەن ئۈچۈن كۆرەشتە پىداكارلىق كۆرسىتىشنى بىلىش گۈزەل ھاياتنىڭ ئەڭ يۈكسەك نەمۇنىسىدۇر.

م. ئى. كالىنىن



www.uyghurkitap.com

ۋەتەندىن سىرت بەخت يوق، ھەر كىم جانىجان يېرىدە يىلتىز تارتسۇن.

ن. س. تۇرگېنېۋ

ھەر كىمنىڭ قەلبىدە ئۆز خەلقىنىڭ بىجىرىم قىياپىتى ياشايدۇ.

گ. فرېيتاگ

ھەر ھالدا، ئەڭ مۇھىمى — ۋەتەنگە مۇھەببەتنىڭ. مۇھەببەتنىڭ ۋە يەنە مۇھەببەتنىڭدۇر. دېمەك، شۇ مۇھەببەت ساڭا كۈچ - قۇۋۋەت بېرىدۇ. قالغانلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئاسانلا ھەل قىلىسەن.

م. ئى. سالتىكوف - شېدرىن

يېگانە يۇرت ۋەتەن بولالمايدۇ.

ئى. گيوتې

ۋەتەن تەركىنى بىر نەپەس ئەيلىمە،
يانا رەنجى غۇربەك ھەۋەس ئەيلىمە.

ئە. نەۋائى

ئەلگە قوشۇلغان دوست تاپتى.

ئە. نەۋائى

ئۆزۈڭنى ۋەتەنگە قانچىلىك يېقىن ھېس قىلساڭ، ئۇنى شۇنچىلىك جانلىق ۋۇجۇدۇڭدەك ئېنىق ۋە سۆيۈملۈك ھېس قىلىسەن.

ئا. ئا. بلوك

ۋەتەن سېغىنىشى ھەممە كىشىگە بىر خىل تەسىر قىلىدۇ؛ ئۇ، ئۆتمۈش مەنزىرىلەرنى ئىدىئاللاشتۇرۇلغان ھالدا جۇلالاندۇرىدۇ. ئۇنىڭ پەزىلەتلىرى ئېشىۋېرىدۇ. كەمچىلىكلىرى بولسا، ۋاقىت ۋە مۇساپە تەقەززاسى بىلەن خىرەلىشىپ يۇرۇۋېرىدۇ. ئاخىرى تەسەۋۋۇرىمىزدىن پۈتۈنلەي ئۆچۈپ يوقىلىدۇ.

ژ. ساند



پەقەت ئار - نومۇسلۇق ئادەملەرلا ۋەتەن تۇيغۇسىنىڭ گۈزەل ۋە يۈكسەكلىكىنى ھېس قىلالايدۇ.

ئى. پ. پاۋلوف

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كىم ئۇ ئۆز يۇرتىنى سۆيمىسە، ئۇ ھېچنېمىنى سۆيەلمەيدۇ.

ژ. بايرون

كىمدە ئۆز يۇرتىغا بولمىسا مېھىر،
ئۇنىڭ قەلبى كېسەل، ئۇنىڭ قەلبى مەجرۇھ.

شېۋچېنكو

كىم ئۆز ۋەتىنىگە مەنسۇپ بولمىسا، ئۇ ئىنسانىيەتكىمۇ مەنسۇپ ئەمەس.

ۋ. گ. بېلىنسكىي

ئۆتۈپ كەتكەن ماختانچاق، ئاغزى بېسىلماس «ۋەتەنپەرۋەرلەر» گە تاقەت قىلىپ تۇرالمايمەن. لېكىن بىپەرۋا ئىشەنمىگۈچىلەر، تايىنى يوق كىشىلەر، ئادەمزات ئارىسىدىكى تۇتۇرۇقسىز باشباشتاقلار ماڭا بىچارە ۋە سەت كۆرۈنۈشنى ئېيتىپ ئۆتكۈم كېلىدۇ.

ۋ. گ. بېلىنسكىي

ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ كۈچى ئۇنىڭ تۈپ ماھىيىتىدىكى شەخسىي ئەمگەك قىممىتى بىلەن پروپورتسىئونالدۇر؛ سەرگەردان پا-

رازىتلارغا ۋەتەن تۇيغۇسى ھەمىشە يات نەرسە بولۇپ كەلگەن.

ل. م. لېئونوف

ئۆز يۇرتىدىن يۈز ئۆرىگەنلەر ئۆز ۋىجدانلىرىدىنمۇ يۈز ئۆرۈيدۇ.

يا. گالان

كىم ۋەتەننى خار قىلسا، ئۇ ئائىلىسىدىنمۇ ئايرىلىدۇ.

پ. كورنېل

ئۆز ۋەتىنىگە داغ تەگكۈزۈش — ئۇنى سېتىش دېگەن سۆز.

ۋ. ھيۇگو

شۇنداق جىنايەت باركى، ئۇنى ئاقلىغىلى بولمايدۇ، بۇ — ۋەتەنگە خائىنلىقتۇر.

ب. بۇئاست



ۋەتەنگە خىيانەت قىلىش ئۈچۈن قەلب جەھەتتە غايەت تۆۋەن بولغان بولۇشى كېرەك.

ن. گ. چېرنىشېۋسكىي

uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىن بىر تارقىتىش ئادرىسى

ساتقۇننى ھېچكىمگە ۋە ھېچ نەرسىگە سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. مېنىڭچە، ھەتتا تېپ كېسىلىگە گىرىپتار بولغان چىرايلىمۇ ساتقۇنغا ئوخشىتىلسا تولىمۇ ھاقارەت قىلغانلىق بولاتتى.

م. گوركىي

مىللەتچىلىكنى كۆچەيتكۈچىلەرنىڭ ھەرقاندىقىنى پرولېتارىيات قوللىيالمايدۇ.

ۋ. ئى. لېنىن

ئىقتىسادىي ھېساب خۇددى ئىنتېرناتسىئونالىزم ۋە دېموكراتىزمنىڭ تۈيغۇ ـ ئېڭىدەك، سوتسىيالىستىك جەمئىيەتتىكى ھەممە مىللەتلەرنىڭ تېز يېقىنلىشىشى ۋە بىرلىشىشىنى تەقەززا قىلىدۇ.

ۋ. ئى. لېنىن

كىمكى مىللەتچىلىك نۇقتئىنەزىرىگە ئۆتكەن ئىكەن، ئۇ تەبىئىيكى، ئۆز مىللىتىنى، ئۆز مىللىتىنىڭ ئىشچىلار ھەرىكىتىنى سېپىل بىلەن ئوراپ ئېلىش ئارزۇسىغىچە بېرىپ يېتىدۇ. ئۇ ھەتتا، ھەربىر شەھەر، ھەر بىر جاي ۋە قىشلاقلارنى

ئالاھىدە ـ ئالاھىدە سېپىل بىلەن قورشىۋېلىشتىنمۇ نومۇس قىلمايدۇ. ئۇ ھەتتا، ئۆزىنىڭ ئايرىۋېتىش ۋە پارچىلىۋېتىش تاكتىكىسى بىلەن ھەممە مىللەت، ھەممە ئىرقىي ۋە تۇرلۇك تىللاردا سۆزلەشكۈچى پرولېتارىياتنى يېقىنلاشتۇرۇش ھەم بىرلەشتۇرۇشتىن ئىبارەت بولغان ئۇلۇغ ۋەسىيەتنى يوققا چىقىرىۋېتىشتىنمۇ نومۇس قىلمايدۇ.

ۋ. ئى. لېنىن

ئىشچىلار سىنىپىنىڭ مەنپەئەتى ۋە ئۇنىڭ كاپىتالىزمغا قارشى كۈرىشى ھەممە مىللەت ئىشچىلىرى بىلەن مۇستەھكەم ھەمكارلىق ۋە تەلتۆكۈس ھەمكارلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇرژۇئازىيىنىڭ مىللەتچىلىك سىياسىتىگە — ئۇ قايسى مىللەتكە تەئەللۇق بولمىسۇن — قاقشاتقۇچ زەربە بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

ۋ. ئى. لېنىن



كاپىتالىزم —خەلقئارا كۈچتۇر. بۇ كۈچنى يېڭىش ئۈچۈن ئىشلارنىڭ خەلقئارا ئىتتىپاقى، ئۇلارنىڭ خەلقئارا بىردەكلىكى كېرەك. بىز مىللىي دۈشمەنلىشىشنىڭ، مىللىي نىزامىنىڭ، مىللىي ئايرىمچىلىقنىڭ دۈشمەنلىرىمىز. بىز — خەلقئاراچى-

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر ئادرىسى

لارىمىز، ئىنتېرناتسىئونالىزمچىلارمىز.

ۋ. ئى. لېنىن

پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىئونالىزمى ئىشچىلار سىنىپى ۋە ئۇنىڭ پارتىيىلىرىنىڭ پۈتۈن جاھانگىرلىك كۈچلىرىگە قارشى ھەمكارلىشىپ كۈرەش قىلىش زۆرۈرىيىدىن كېلىپ چىقىدۇ. بۇ كۈرەش ئىشچىلار سىنىپىنىڭ سىنىپىي مەقسىتى ۋە دۇنيا قاردىشىنىڭ ئومۇملۇقى بىلەن بەلگىلىنىدۇ. باشقا خەلقلەرگە نىسبەتەن مىللىي ئاداۋەت بىلەن قاراش ۋە مىللىي چېگرىۋازلىق قىلىش ئىشچىلار سىنىپىنىڭ تەبىئىتىگە مۇتلەق ياتتۇر.

گ. ماتېردن

مەنپەئەتلەر بىرلىكى بولمىغان جايدا ھەرىكەت بىرلىكى بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس.

ف. ئېنگېلس

پەقەت ھەممە مىللەت ئەمگەكچىلىرىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىتتىپاقىلا، مىللىي تەقىپ ۋە نىزالارنى كەلتۈرۈپ چىقارغۇچى ھەرقانداق زېمىنغا خاتىمە بېرەلەيدۇ.

ۋ. ئى. لېنىن

بارلىق مەملىكەتلەردىكى ئىشچىلارنىڭ ئەھۋالى بىر خىل، مەنپەئەتلىرى بىر خىل بولغانىكەن، ئۇلارنىڭ دۈشمەنلىرىمۇ بىر. دۇر. شۇنداق ئىكەن، ئۇلار بىرلىشىپ كۈرەش ئېلىپ بېرىشلىرى كېرەك ۋە ھەممە مىللەتلەر بۇرژۇئازىيىسىنىڭ قېرىنداشلارچە ئىت. تىپاقىغا قارشى، ھەممە مىللەتلەر ئىشچىلىرىنىڭ بۇرادەرلىك ئىتتىپاقىنى قارىمۇ قارشى قويۇشلىرى كېرەك.

ف. ئېنگېلس

ئىشچىلار سىنىپىنىڭ پەقەت ئىنتېرناتسىئونال ئىتتىپاقىلا ئۇنىڭ تەلتۆكۈس غەلىبىسىنى تەمىنلىشى مۇمكىن.

ك. ماركس

مەن خەلقلەرنىڭ كېلەچەكتە بىرلىشىشىگە ئىشىنىمەن ۋە شۇنداق قىلىشىنى دەۋەت قىلىمەن.

ئا. فرانس



ئۆتمۈشنىڭ تەجرىبىسى شۇنى كۆرسەتتىكى، تۈرلۈك مەم. لىكەت ئىشچىلىرى ئوتتۇرىسىدا بىرلىككە كېلىشى زۆرۈر بولغان، ھەمدە ئۇلارنىڭ ئازادلىق ئۈچۈن بولۇۋاتقان كۈرەشلىرىدە ئۆزئارا

قوللاپ، قۇۋۋەتلەشلەرگە ئۇندەيدىغان قېرىنداشلارچە ئىتتىپاقلىقىغا مەنستىمەسلىك بىلەن قارىلىدىكەن، ئىشچىلار ھەرىكىتىدە تارقاقچىلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ مەغلۇبىيىتى بىلەن جازالىنىدۇ.

ك. ماركس

بىز ھەر ۋاقىت بارلىق مىللەتلەر پرولېتارىياتىنىڭ ئەڭ مۇستەھكەم بىرلىشىشىگە سۆزسىز ئىنتىلىشىمىز كېرەك.

ۋ. ئى. لېنىن

ھەرقايسى ئەل ئىشچىلىرىنىڭ بىرلىكى، قېرىنداشلىق ئىتتىپاقى باشقا خەلقلەر ئۈستىدىن بولىدىغان ئۇ ياكى بۇ تەرىقىدىكى زۇلۇم بىلەن ھەرگىز كېلىشەلمەيدۇ.

ۋ. ئى. لېنىن

... غالىب پرولېتارىيات ھەرقانداق باشقا خەلققە ھەرقانداق بەختىيارلىقنى مەجبۇرىي تېڭىپ قىلسا، بۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئۆز غەلىبىسىنى ۋەيران قىلىدۇ.



ف. ئېنگېلس

باشقا خەلقلەرنى ئەزگۈچى خەلق ئازاد بولالمايدۇ. باشقا خەلق-

لەرنى بېسىپ تۇرۇشقا مۆلچەرلەنگەن كۈچ ئاخىرقى ھېسابتا ھە-
مىشە ئۆز - ئۆزىگە قارشى كۈچكە ئايلىنىدۇ.

ف. ئېنگېلس

بارلىق يارىماس ۋە ئەخمىقانە مىللىي خۇراپاتلىقلارنى چۆرۈپ تاشلىغان، ھەممە مىللەت ئىشچىلىرىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ بىر-لەشتۇرگەندىلا، ئىشچىلار سىنىپى قۇدرەت تاپالايدۇ ۋە كاپىتالىزمغا زەربە بېرىپ، ھەقىقىي رەۋنىشتە ھايات پاراۋانلىقىغا ئىگە بولىدۇ.

ۋ. ئى. لېنىن

پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىئونالىزمى ئايرىم مەملىكەتلەر ئەمگەكچىلىرىنىڭ مىللىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي ئازادلىق كۈ-رەشلىرىدە قولغا كەلتۈرىدىغان مەنپەئەتىنى ئەمەس، بەلكى ئومۇ-مىي كۈرەشنىڭ غەلىبىسى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان خەلقئارا ھەم-كارلىق، ئۆزئارا قوللاپ - قۇۋۋەتلەشنىڭ نەتىجىسىدىن تەمىن ئې-تىلىدىغان ئازادلىقنى مەقسەت قىلىدۇ.



گ. دىمىتروف

ئايرىم مەملىكەتلەردىكى پرولېتارىيەت سىنىپى كۈرىشى ۋە ئىشچىلار ھەرىكىتىنىڭ مىللىي شەكلى پرولېتارىيات ئىنتېر-

www.uyghurkitap.com

ناتسىئونالىزمىنى ئىنكار قىلمايدۇ. ئەكسىچە، شۇ شەكىللىك ئار-
قىلىق خەلقئارا پرولېتارىياتىنىڭ مەنپەئەتلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك
ھالدا ھىمايە قىلىشى مۇمكىن.

گ. دىمتروۋ

ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن پرولېتارىيات ئىنتېرناتسىـ-
ئونالىزمى ئۆزئارا ئورگانىك باغلانغان بولۇشى كېرەك.

م. تورىز

ئەمەلىيەتتىكى ئىنتېرناتسىئونالىزم بىرلا، پەقەت بىرلادۇر.
ئۆز مەملىكىتىدىكى ئىنقىلابىي ھەرىكەت ۋە ئىنقىلابىي كۈرەشنى
راۋاجلاندۇرۇش يولىدا پىداكارلىق بىلەن ئىشلەش، ھەمدە شۇنداق
قىلىشنى، مۇشۇ يولنى پەقەت مۇشۇ يولنى مۇستەسناسىز ھالدا
ھەممە مەملىكەتلەردە (تەشۋىقات، ھېسداشلىق، ماددىي جەھەتتىن)
قوللاپ، قۇۋۋەتلەشتىن ئىبارەتتۇر.

ۋ. ئى. لېنىن



سوتسىيالىستىك ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت — ئىنتېرنات-
سىئونالىزم بويلاپ تاشلانغان قەدەمدۇر.

ئا. ن. تولستوي

ھەقىقىي ۋەتەنپەرۋەرلىك ھەممە شەخسىي مۇناسىۋەت ۋە مەنـ
پەئەتلەردىن بۇيۇكتۇر. ئۇ ئىنسانىيەتكە قارىتا چوڭقۇر مېھىر ـ
مۇھەببەت قارىشى بىلەن ئورگانىك ھالدا باغلانغان.

ن. ئا. دوبروليوبوف

جانلىق، ئىزچىل ۋەتەنپەرۋەرلىك بولۇپمۇ شۇنىڭ بىلەن
پەرقلىنىپ تۇرىدۇكى، ئۇ ھەرقانداق خەلقئارا ئاقىۋەتكە خاتىمە بېـ
رىدۇ ۋە ئىنسان شۇ تەرىقىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن ئۆزىنى
روھلاندۇرۇپ، پايدىسى تېگىدىغان ئىشلار ئۈچۈن، پۈتۈن ئىنسانىـ
يەتكە ئەمگەك قىلغۇسى كېلىدۇ.

ن. ئا. دوبروليوبوف

ھايۋانلار توپى دەپ ھېسابلىنىشى مۇمكىن بولغان خەلق تاـ
رىختا كۆرۈلمىگەن. شۇنىڭدەك ئالاھىدە ئېتىبارغا سازاۋەر گۇرۇھـ
لاردىن ئىبارەت بولغان خەلقنىڭمۇ بولۇشى مۇمكىن ئەمەس.

ئا. ئى. گېرتسېن

دۇنيادىكى ھەممە خەلقلەر ھەر جەھەتتىن تەڭمۇ تەڭ. بىرى

ئىككىنچىسىدىن ئارتۇق ئەمەس.

گ. لېسسىڭ

ھەقىقىي ساپ ۋىجدانلىق كىشى ئۆزىدىن ئائىلىنى، ئائىلىدىن ۋەتەننى، ۋەتەندىن ئىنسانىيەتنى يۇقىرى قويۇشى كېرەك.

ژ. دالامبېر

ئىنساننىڭ ئايىغى ئۆز يۇرتىنىڭ زېمىنىگە تومۇر تارتىشى كېرەك. لېكىن، ئۇنىڭ دىققەت نەزىرى پۈتۈن دۇنيانى كۆزەتسۇن.

ج. سانتايانا

ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت پۈتۈن دۇنياغا بولغان مۇھەببەت بىلەن ماسلىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭغا ئاساسەن بىلىم ـ مەرىپەتلىك خەلق ئۆز ئەتراپىدىكى قوشنىلىرىغا زىيان ـ زەخمەت سالمايدۇ. دۆلەتلەر قانچىلىك مەرىپەتلىك بولسا، ئۆزئارا ئورتاق تىلغا كېلىشىپ، تېخىمۇ قۇدرەتلىك كۈچكە ئايلىنىدۇ. ئالەمشۇمۇل تەپەككۇرمۇ ئۇزلۇكسىز راۋاجلىنىدۇ.



ك. گېلۋېتسىي

ھەرقانداق مىللەت باشقىلاردىن ئۆگىنەلەيدۇ ۋە ئۆگىنىشى

كېرەك.

ك. ماركس

ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەتىم مېنى چەت ئەللەرنىڭ نەتىجىلىرىدىن كۆز يۇمۇشقا مەجبۇرلىمايدۇ. ئەكسىچە، ۋەتەنگە بولغان مۇھەببىتىم كۈچەيگەنسېرى، ئۆز ۋەتىنىمنى جاھان خەزىنىلىرى بىلەن تېخىمۇ بېيىتقۇم كېلىدۇ.

ف. ۋولتېر

چەت ئەللەردىكى ياخشى نەرسىلەرنى ئاكتىپلىق بىلەن قوبۇل قىلىش كېرەك.

ۋ. ئى. لېنىن

ئانا يۇرتۇڭ ئامان بولسا،
رەڭگىرويۇڭ سامان بولماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن



ئاتا بالىسى ئەل ئىچىدە تۇغۇلار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئاۋات شەھىرىڭدىن
ئەسكى تاملىق يۇرتۇم ياخشى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئادەم يۇرت بىلەن ياشار،
ھۆپۈپ قۇرت بىلەن (ياشار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئادەم ئۇلۇغ — يەر ئۇلۇغ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئانىسى تاشلىغان تاينى بۆرە يەر،
ئېلى تاشلىغان ئەرنى گۆر (يەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئالتۇن چىققان ئۆزگە يەردىن
تۇغۇلۇپ ئۆسكەن ئۆز يەر ياخشى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپار،
مۇساپىر ئايلىنىپ يۇرتىنى (تاپار).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئانا يۇرتىنىڭ قويىنى كەڭ،
كەمبەغەلنىڭ كۆڭلى (كەڭ).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئالتۇن قەپەستىن تىكەنلىك ئۇۋا ياخشى.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئانا يۇرتىنىڭ تۇپىسى — تۇتىيا.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئاتنىڭ ھەممىسى تۇلپار بولماس،
قۇشنىڭ ھەممىسى شۇڭقار (بولماس).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئالما دەرىخىدىن يىراق چۈشمەس.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

www.uyghurkitap.com

ئايغىر قاچسا ئۇيۇرىدىن تاپ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئاتاڭنىڭ بالىسى بولغۇچە،

ئەلنىڭ بالىسى بول.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئادەم يوق جاڭگالدا كاككۇك سايرىماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئايرىلمىغىن ئېلىڭدىن،

قۇۋۋەت كېتەر بېلىڭدىن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل ئۈچۈن ئۆلسەڭ كۆلۈپ ئۆل.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەلنىڭ ھەممىسى ياخشى،

ئۆز ئېلىڭ ھەممىدىن (ياخشى).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەلگە يامانلىق تىلىگەننى
ئەل ئىچىگە ئالماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەلنىڭ ئالدىدا ئەگرىلىك قىلما.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەلنىڭ ھىممىتى — دەريا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل دېسە بوران چىقار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەر يىگىت ئۆزى ئۈچۈن تۇغۇلۇپ،
ئېلى ئۈچۈن ئۆلەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەلنىڭ غېمىنى يېگەن ئەر ئۆلمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ئەل بىلەن كېسىلگەن بارماق قانىماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل ئۆرۈلسە تاغ چۆرگىلەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل سۆيگەننى ئەر سۆيەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەلدە يوق — ئەردە يوق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەللىك يىلدا ئەل يېڭىلىنار،
يۈز يىلدا قازان (يېڭىلىنار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل ئېغىزىنى ئەر كۆتۈرەر،
يۈك ئېغىزىنى يەر (كۆتۈرەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل بار يەردە ئەر خار بولماس،
ئەر بار يەردە ئەل خار بولماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەلدىن ئايرىلغۇچە، جاندىن ئايرىل.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەر ئەل بىلەن گۈللىنەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەرنىڭ ئاتىسى ئەل.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەلگە قىلساڭ يامانلىق،
تاپالمايسەن ئامانلىق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن



ئەل بەرگەندە دوستۇڭ بولسۇن،
يەر بەرگەندە قوشۇڭ (بولسۇن).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەلگە بەرسەڭ ئىشىڭنى،
ئەل سىلايدۇ بېشىڭنى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل كۆيگەنگە كۆيمە،
ئەل كۆيگەنگە كۆي.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل ئۆز ئېلىدە ياخشى،
گۈل ئۆز يېرىدە (ياخشى).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەلنى سۆيگەن خار بولماس،
يەرنى سۆيگەن زار (بولماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەلگە قىلساڭ مەنمەنلىك،
ماڭغان يولۇڭ تىكەنلىك.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەلدىن ئەلگە نەپ،
ئەردىن ئەلگە نەپ.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل ئېيتماس، ئېيتسا خاتا چىقماس.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل نەزىرىدىن چۈشسەڭ،
تۇرغىلى يەر تېپىلماس.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەلدىن قالغان ئەر ئەمەس،
دان بەرمىگەن يەر (ئەمەس).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن



ئەل سۆيمىگەن شاھتىن
خەلق سۆيگەن گاداي ياخشى.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل سۆيمىگەن ئەردىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېگى ئادرېسى

گىياھ ئۈنمىگەن يەر ياخشى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەرنىڭ غېمى — ئەلنىڭ غېمى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل ئامان — شەھىرىڭ ئامان.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل قايان، سەن شۇيان.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل بار يەردە ئەل بار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل تەۋرىسە يەر تەۋرەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەركىسىز باغنىڭ گۈلى تۇزار،
بۇلبۇلى ئۈزار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل ئۈچۈن چەكسەڭ جاپا،
ئەل سېنى قىلماس خاپا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل تىلىكىنى ئەر ئاقلار،
يەر داڭقىنى ئەر ساقلار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل سىلىسا ئەل ئايغى،
ئەل سىلىمىسا ئىت يالىقى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەلنى شاد قىلساڭ ئېشىكىنى يەرسە،
ئەلنى قاقشاتساڭ بېشىڭنى (يەرسەن).



«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل ئىچى ئالتۇن بۆشۈك.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ئەل ئۇچۇن ئەر كېرەك.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل قوينى جەننەت.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل ئۇچۇن يىغلىمىغان كۆزسىز قالۇر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل قوزغالسا تەخت قوزغىلار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل ئىشىغا ھىممەتلىك،

ئەل ئاغزىدا قىممەتلىك.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل يەكلىگەننى ئەل يەكلەر،

ئەل يەكلىگەننى يەر (يەكلەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل بىر چىمدىمدىن سالسا كۆپىيىدۇ،
بىر چىمدىمدىن ئالسا سورۇيدۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل بىر پەرياد چەكسە،
سەن مىڭ پەرياد چەك.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل ساڭا غۇنچە تۇتسا، سەن گۇلدەستە تۇت.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەلدىن تانغانلىق — ئەقىلدىن ئازغانلىق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل بىلەن ئۆلۈم — بەجايىكى توي.



«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەلنىڭ قۇلىقى ئەللىك.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

ئەل سۆيگەننىڭ يۈزى يورۇق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل ئۈچۈن ئۆتقا چۈشسەڭ كۆيمەيسەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل تىنچ، سەن تىنچ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل كۆكەرسە، ئەر كۆكىرەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەلدىن ئايرىلغان پادىشاھ — قەلەندەر بولۇر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن



ئەقىلىڭ بولسا يۇرتۇڭنى باي قىل.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل سۆيگەننىڭ ئالدى ئوچۇق،

سۆيمىگەننىڭ كەينى (ئوچۇق).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل ياندۇرغان چىراغنى پۇۋ

دېگەننىڭ ساقىلى كۆيەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەلنىڭ بالىسى بولساڭ ئەر بولىسەن،

بولمىسا يەر بولىسەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل تەختتىن ئايرىلسا، ئەر بەختىدىن ئايرىلار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل ئامان بولسا، پادىشاھ غەمسىز بولۇر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن



ئەل سۆيگەن يەر — مېۋىلىك دەرەخ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەلنىڭ بەختى — ئەرنىڭ بەختى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

ئەلگە قوشۇلغان ماي يۇتار،

ئەلدىن ئايرىلغان قان (يۇتار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل قوينىغا ئالەم سىغار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل قوغدىغان ياخشى ئەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل ئامانلىقنى تىلەر،

دۈشمەن يامانلىقنى (تىلەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل قىرىلماس، تاش چىرىماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەلدىن ئايرىلغاننىڭ ئەلگىكى تۆشۈك.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل قارغىشى — ئوق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەلدىن قاچقان سەلگە ئۇچرار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەلگە جاپا قىلغان — ياۋغا ۋاپا قىلار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل ئىگىسىز بولماس،
چاپان ياقىسىز (بولماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل كىرگەن كېچىكتىن يانما.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن



ئەل ئۈمىدىنى ئەر ئاقلار،
ئەر داڭقىنى ئەل ساقلار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرىسى

ئەلدە ئابرۇيۇڭ بولسا، يۈكۈڭ چۆلدە قالماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل بېشىغا كۈن چۈشسە،

ئەل ياراتقان ئەل كېلەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئەل غېمىدە بول، بەختلىك بولىسەن،

ئەل ئارىسىغا چۆك، تەختلىك بولىسەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

باغدا ئۆسكەن ياتناقنىڭ جىنىغا ۋاي.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

باش نەدە، پۇت شۇ يەردە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

باغ مېۋىسى بىلەن ئاۋات،

يۇرت ئادىمى بىلەن (ئاۋات).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

بەختىڭنى ئېلىڭدىن سورا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

بەش بارماق ئېغىزغا سىغماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

بۇلبۇل گۈلنى سۆيەر،
ھۇۋقۇش چۆلنى (سۆيەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

بېلىڭنى سۇندۇرغان، ئېلىڭنى سۇندۇرالماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

بېشىڭ كۆككە تاقاشسا، خەلقىڭنى يۇلتۇز بىل.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن



بىر ئەلگە باق،
بىر يەرگە (باق).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

بۇلبۇل چۆلدە بولسىمۇ،
چىمەن ئۇچۇن سايرار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

بۇلبۇل باھارنى سۆيەر،
ئادەم يۇرتىنى (سۆيەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

بېلىق سۇدىن ئايرىلماس،
باتۇر ئەلدىن (ئايرىلماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

بۆدۈنىنىڭ ئۆيى يوق، نەگە بارسا ۋىتۋىلداق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن



بىلمىگەن يەرنىڭ تۆرىدىن،
بىلگەن يەرنىڭ پەگاھى ياخشى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

بىر تاردا راۋاب چالغىلى بولماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

بىلگىنىڭنى ئەلدىن ئايىما.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

بىر ئۆتۈككە ئىككى پۇت سىغماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

بورانىنىڭ گۈركىرىشىگە تاغ تەۋرىمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

بېشى يوقنىڭ ئىشى يوق،
يۇرتى يوقنىڭ جېنى يوق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن



بۇلبۇلغا باغ ياخشى،
كەكلىككە تاغ (ياخشى).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

بۇلبۇل باغدىن ئايرىلماس،
ئادەم يۇرتىدىن (ئايرىلماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

پادىشاھلىق ئەل بىلەن،
تۆمۈرچىلىك يەل بىلەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

پاقىمۇ سازلىقنى ماختار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

پەرۋانىگە ئوت ياخشى،
پالۋانغا يۇرت (ياخشى).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن



پۇقرايىڭنى خار قىلما،
كۆڭلۈڭنى تار (قىلما).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

پىچاقنىڭ ئىتتىكى سۇدىن ئۆتۈپ لايدا توختار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

پۇتۇڭنىڭ ئۇچىغا قارىغۇچە،
يۇرتۇڭنىڭ ئىچىگە قارا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

تاغدىن يىقىلساڭ يىقىل،
ئەل نەزىرىدىن يىقىلما.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

تاشمۇ چۈشكەن يېرىدە ئەزىز.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن



تاغ تاغقا قوشۇلماس،
ئەل ئەلگە قوشۇلار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

تەر ئاققۇزساڭ ئەلگە،

پۈركىنىسەن گۈلگە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

تەۋرەپ كەتكەن ئەلدىن قورق،
يامراپ كەلگەن سەلدىن (قورق).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

تىرىككە يۇرت كېرەك،
ئۆلۈككە دۇرۇت (كېرەك).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

تورغاينىڭ جەننىتى يانتاق تۈۋىدە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

توشقان چۆلگە تارتار،
پاقا كۆلگە (تارتار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

توپنى ئۆرلەتكەن يەل،
باتۇرنى ئۆستۈرگەن ئەل.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

تۇغۇلغان يەرنىڭ تېشى ئالتۇن، سۈيى گۆھەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

تۇغۇلغان يېرىڭگە تۇغۇڭنى تىكلە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

توشقانغا تۇغۇلغان تۆپىلىكى ياخشى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

تاغ كۆركى — تاش،
ئەل كۆركى — ياش.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

تۇغۇلغان يەردىن تۇرغان يەر ئەلا،
تۇرغان يەردىن تۇغۇلغان يەر (ئەلا).



«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

تۇغۇلغان يەرنىڭ كۈنىمۇ ئىسسىق،
تۇنىمۇ ئىسسىق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى

تومۇرۇڭدا ۋەتەننىڭ قېنى،
دىمىغىڭدا ۋەتەننىڭ ھىدى.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

توپىنى تونۇمىغان ئات بولماس،
ئەلنى تونۇمىغان ئەر (بولماس).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

توخۇنىڭ چۇشىگە تېرىق كىرەر.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

تورغايمۇ يانتاقلىقنى ماختار.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

تويغان يەردىن تۇغۇلغان يۇرت ياخشى.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

تۆرەلگەن يۇرتتىن كۆڭۈل ئۈزۈلمەس،
يۇرت كۆرگەننىڭ يۇرت بۇزۇلماس.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دى

جايى يوقنىڭ جېنى يوق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

جاندىن كەچسەڭ كەچ،
يۇرتۇڭدىن كەچمە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

چەتكە چىقساڭ چەتنەپ كېتەرسەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

خانسىز ئەل — ئىگىسىز ئۆي.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

خەقنىڭ يۇرتىدا سۇلتان بولغۇچە،
ئۆز يۇرتۇڭدا ئۇلتان بول.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن



دەرەخ يىلتىزى بىلەن ياشار،
ئادەم ئۆز ئېلى بىلەن (ياشار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

دەرەخ قانچە ئېگىز بولغىنى بىلەن
تۇپراقتىن ئايرىلالماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

دەردى بار بوستاندىن
دەردى يوق چۆل ياخشى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

دېھقاننىڭ ئوبدىنى چامغۇر تېرىيدۇ،
ئادەمنىڭ ياخشىسى يۇرتىدا قېرىيدۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

دىلى ئوچۇقنىڭ قولى ئوچۇق،
ئەل سۆيگەننىڭ يولى ئوچۇق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

دىتسىز مىنگىلى ئۇلاغ تاپالماس،
ئەل نەزىرىدىن چۈشكەن روناق (تاپالماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

دۈشمەننىڭ قارغىشىدىن قورقما،
ئەلنىڭ رەنجىشىدىن قورق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

زېمىن چىرىماس،
ئەل قېرىماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ساداقەتمەن بول ئېلىڭگە،
ھەمدەم بولۇر غېمىڭگە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

سەل سۈپۈرسە ساي قالار،
ئەل سۈپۈرسە نېمە قالار؟

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن



سەركەردە ئەل ئىچىدە تونۇلار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

سەن ئەقىلگە باي بولساڭ،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى تادرېسى

يۈرتۈڭ نامغا باي بولۇر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

سۇ بولمىسا ئاشلىق يوق،

ئەل بولمىسا باشلىق (يوق).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

سۈيى بار يەرنىڭ ئوتى يوق،

ئوتى بار يەرنىڭ سۈيى (يوق).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

سۇندۇكىنىڭ ئۇچۇشى ئېگىز ـ پەس بولغان بىلەن،

بارىدىغان يېرى يەنىلا ئۆز ئۇۋىسى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

سۈت قايمىقى بىلەن،

ئەل ئايمىقى بىلەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

سۇدا بېلىقنىڭ ئىزى يوق،

ۋەتەنسىزنىڭ يۈزى (يوق).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

غېمىڭ ئەلدە بولسا، ئۆمرۈڭ ئۇزار،

غېمىڭ ئۆزۈڭدە بولسا، بەختىڭ توزار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

غېرىچسىز غۇلاچ كەرمە،

ماكانسىز كۆكرەك (كەرمە).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

قازاندا نېمە بولسا،

چۆمۈچكە شۇ چىقار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن



قاچقان سالپىيىپ كېلۇر،

كەتكەن خار بولۇپ (كېلۇر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

قەرز ئېلىپ بەرمىگەننىڭ كۆرەي،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى
www.uyghurkitap.com

تۇغۇلۇپ ئۆلمىگىننىڭنى (كۆرەي).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

قولۇڭدىن كەلسە ئەلدىن ئايىما.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

قۇزغۇنغا تاغ ياخشى،
بۇلبۇلغا باغ (ياخشى).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

قۇش ئۇۋىسىنى قەدىرلەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

قۇرۇق ياغاچ ئېگىلمەس،
ئېگىلسە سۇنار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

قۇلاقنى ئاڭلاشقا ياراتقان،
كۆزنى كۆرۈشكە (ياراتقان).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

قۇش ئۇۋىسىنى ئۇنتالماس،
ئادەم ۋەتىنىنى (ئۇنتالماس).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

قۇش قېرىسا، ئۆز يۇرتىغا يانار.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

قۇش ئاسماندا ئۇچسىمۇ، سايىسى يەرگە چۈشەر.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

قىرسىز ئېتىز يەر بولماس،
ئەل سۆيمىگەن ئەر بولماس.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

قىياندىن تامچە يامان،
تاياقتىن قامچا (يامان).
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

كالا كۆك چۆپ يېگەن بىلەن، ئاق سۈت بېرەر.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

كەلكۈندىن قورقمىساڭمۇ، ئەلدىن قورق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

كۆنمىگەن يۇرت زىندانچە بار،

مىنمىگەن ئات يولۋاسچە (بار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

كۆيۈشلۈك ئەرنى ئەل خارلىماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

كۆلدە يۈرگەن ئۆردەك چۆل قەدرىنى بىلمەس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

كۆزسىز ياشىساڭمۇ،

ئەلسىز ياشىيالمايسەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

كۆپنىڭ غېمىنى يېگەننىڭ نېنى پۈتۈن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

كۆكۈنەك ئۆز دەرياسىدا غاز ئالار،
باشقا يەردە بېشى، كۆزى تاز بولار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

كۈچۈڭنى يەرگە ئىشلەت،
بىلىمىڭنى ئەلگە (ئىشلەت).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

كىشى تۇغۇلغان يېرىدە ئەزىز،
تاش چۈشكەن يېرىدە (ئەزىز).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

كىشى يۇرتىدا ئامبال بولغۇچە،
ئۆز يۇرتۇڭدا ئابدال بول.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن



كىشىنىڭ ئوردىسىدىن
ئۆزۈمنىڭ توپىسى ياخشى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

كىشىنىڭ يۇرتىدا باش بولغۇچە،
ئۆز يۇرتۇڭدا تاش بول.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

كىشى يۇرتىدا پاختىدا ياتقۇچە،
ئۆز يۇرتىڭدا تاختىدا يات.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

كىشىنىڭ قولىدا كىشى ئۆسمەس،
كىشىنىڭ يۇرتىدا كۆڭۈل (ئۆسمەس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

گەپ دېگەننىڭ تۇرغۇچى بار،
يۇرت دېگەننىڭ قورغۇچىسى (بار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن



مەسچىتنىڭ يىراق بولسا بولسۇن،
مازىرىڭ يېقىن بولسۇن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

مۇساپىر ئىتنىڭ قۇيرۇقى ئىچكىرى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

مېلى يوق دەپ ئەردىن قاچما،
چۆپى يوق دەپ يەردىن (قاچما).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

نان بىر يۈزىدە پىشماس،
جاھان بىر ئىزىدا تۇرماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ھارۋا ماڭغان يول تار بولماس،
يۇرتنى سۆيگەن كىشى خار (بولماس).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن



ھۆپۈپكىمۇ ئۆز ماكانى ئەزىز.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئۇلاغ تويغان يېرىگە تارتار،

يىگىت تۇغۇلغان يېرىگە (تارتار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئۆلۈمنى ئويلىما، ئېلىڭنى ئويلا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئۆيسىز ئەر — گىياھسىز يەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئۆي تاپقۇچە يۇرت تاپ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئۆز ئېلىڭدا بولسا لايىقىڭ،
ئۆزگە يۇرتقا بارماس ئايىغىڭ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئۆز ئېلىڭنىڭ غېمىنى يە
ھالال ئىشلەپ نېنىنى يە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئۆز يۇرتۇڭ قەيەردە بولسا،



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىكتى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىڭى ئادرېسى

جەننەت شۇ يەردە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئۆيدىن ئاغرىنىپ يۇرتنى تاشلاپتۇ،
سەرگەردان بولۇپ كۆزنى ياشلاپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئۆزۈڭ ئۇچۇن كۈل،
يۇرتۇڭ ئۇچۇن ئۆل.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئۆز ئۆيۈمنىڭ خۇشلۇقى،
پۇت ـ قولۇمنىڭ بوشلۇقى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن



ئۆزىنى ئويلىغان يادار،
ئەلنى ئويلىغان ياشار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئۆز يۇرتۇڭنىڭ سۈيى ياخشى،

ئاتلاي دېسەڭ كۆيى (ياخشى).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئۆيۈڭدىن ئايرىلساڭمۇ ئېلىڭدىن ئايرىلما.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئۆز يۇرتۇڭدا ۋاپا كۆرسەڭ،
ياقا يۇرتتا جاپا (كۆرسەڭ).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئۆز ئېلىڭنىڭ نېنىنى يە،
كېچە ـ كۈندۈز غېمىنى يە.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئۆز يۇرت — تۇغقان ئانا،
ياقا يۇرت — ئۆگەي ئانا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئۆز يۇرتىنى تاشلاپ كەتكەن بارمۇ،
كېتىپ مۇرادىغا يەتكەن بارمۇ؟

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن



www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېشقەدەم تور بېكىتى

ئۆز يۇرتۇڭدا خارلانغۇچە،
كىشى يۇرتىدا مۇساپىر بول.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئۆگەنمىگەن بېھىشتىن ئۆگەنگەن دوزاخ ياخشى.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئۇگرىنى تاشلاپ تالقان يەپتۇ،
يۇرتىنى تاشلاپ ئارمان يەپتۇ.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ۋەتەنسىزنىڭ گۆرى تار.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ۋەتەنگە خىيانەت—
كەچۈرگۈسىز جىنايەت.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن



ۋەتەن گاداسى — كېپەن گاداسى.
«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ۋەتەنسىز كىشى — ناخشىسىز بۇلبۇل.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ۋەتەندىن يۈز ئۆرۈگەن نومۇستىن ئۆلەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئېلىنى ساتقان — ئىت يالىقىدا ئاش ئىچەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئېرىقى قۇرۇسا، بېلىقى ساق قالماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئېلىنى ساتقاننىڭ ئۆمرى قىسقا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن



ئېرىڭ بىلەن چىقىشقۇچە،
ئېلىڭ بىلەن چىقىش.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئېلى ئامان ئاچ قالماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئېسىڭنىڭ بارىدا ئەلنى تونۇ،
كۈچۈڭنىڭ بارىدا يەرنى يونۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئېلىدىن بەزگەن ئەر ئوڭماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئېگىز تاغنى يەر كۆتۈرەر،
يۇرت نامىنى ئەر (كۆتۈرەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئىت تويغان جايىدا تۇرار،
قۇش قونغان جايىدا (تۇرار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئىچكەن سۈيۈڭنى ئاچچىق دېمە،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

ياتقان يېرىڭنى قاتتىق (دېمە).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئىناق ئەلدە رەھىم كۆپ،
ئىناقسىز ئەلدە ۋەھىمە (كۆپ).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئىناق ئەلدە قاياش كۆپ،
ئىناقسىز ئەلدە تالاش (كۆپ).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئىت ئىگىسى بىلەن كۈچلۈك.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئىتمۇ ئۆز كوچىسىدا ئۆزىنى شىر ھېسابلار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئىت ئۇۋىسىدا كۈچلۈك.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ياتقا بەرسەڭ ئېشىكىنى،

ئىت يالايدۇ بېشىڭنى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

يەر —ئالتۇن قوزۇق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

يولدىن ئازسىمۇ يۇرتتىن ئازماپتۇ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

يولدىن چىقساڭ چىق،
ئەلدىن چىقما.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

يۇرتىغا پاتمىغان جاھانغا پاتماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن



يۇرتتىن ئايرىلساڭ يۇرت قەدرىنى بىلىسەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

يۇرتتىن كەچكەن نومۇستىن ئۆلەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىندى ئادرېسى

يۇرت تويمىغۇچە ئەل تويماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

يۇرتنى يۇدۇپ بولماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

يۇرت كۆرگەندە يۇرتۇڭنى ئەسلە،
ئەل كۆرگەندە ئېلىڭنى (ئەسلە).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

يۇرتتا تەڭسىزلىك بولسا، كۆڭۈل ئەنسىزلىكتە قالۇر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

يۇرتىدىن بەزگەن دۈشمەن قولىدا ئۆلەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

يۇرتۇڭ ئاۋات بولسا،
تۇرمۇشۇڭ ناۋات بولۇر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

يۇرت بولسا، ئالۋان بولمىسا،
تىنچ بولسا، مالىمان بولمىسا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

يۇرتىدىن بەزگەن يىپى ئۈزۈلگەن لەگلەك.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

يۇرتۇڭدا نېمە بارلىقىنى باشقا يۇرتتىن سورا.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

يۇرت قوغدىساڭ ئۆسەرسەن،
قوغدىمىساڭ ئۆچەرسەن.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن



يۇرت سۆيگەن ئەر — سايىسى بار دەرەخ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

يۇرتى يوققا قەبرە تېپىلماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

يۇرت سۆيى مۇردىغا جان كىرگۈزەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

يۇرتۇڭ ۋەيران — ئۆزۈڭ ۋەيران.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

يۇرت كۆرگەن يۇرت قەدرىنى بىلۇر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

يۇرت ئامان مەنمۇ ئامان،
ئەل بولمىسا رەڭگىم سامان.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

يۇرتى باينىڭ ئۆزى باي.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

يۇرت ئىتىكى كەڭ.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

يېرىدىن ئايرىلغان يەتتە يىل يىغلار،

يۇرتىدىن ئايرىلغان يەتمىش يىل (يىغلار).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

يېرى بارنىڭ ئېتى بار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

يېرى بارنى يەر باقار،
يەر باقمىسا ئەل باقار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

يېتىمنىڭ ئىگىسى ئەل ـ يۇرت.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

يەر بايلىقى بولمىسا،
ئەل بايلىقى بولماس.



«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ياقا يۇرتنىڭ پەرىشتىسىدىن
ئۆز يۇرتنىڭ جىنى ياخشى.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى

www.uyghurkitap.com

ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىگى ئادرېسى

يالغۇزچىلىق كىشى يۇرتىدا بىلىنەر.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

يارىڭنى گۈل ئارىسىدىن ئىزدە،

ئەركىكىڭنى ئەل ئارىسىدىن (ئىزدە).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

يات يۇرتتا ياقاڭ يىرتىلار.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

يات يۇرتتا تورغاي سايرىماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ياخشى كىشىنىڭ قەدرى ئۆلگەندە بىلىنەر،

ياخشى يۇرتنىڭ قەدرى كۆچكەندە (بىلىنەر).

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ياخشى ئاتنىڭ تېرىسى كۆن بولۇر،

قېيىش بولماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ياخشى ئەلنىڭ بالىسى خاراب بولۇر،
قۇل بولماس.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

ياخشى ئەر ئەلگە ئورتاق،
يامان ئەر مالغا ئورتاق.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

يولۋاس ئىنىدا كۈچلۈك.

«ئۇيغۇر خەلق ماقال ـ تەمسىللىرى»دىن

پۈتكۈل ئىنسانىيەت مەدەنىيەتشۇناسلىقى شۇ نەرسىنى ئېتىراپ قىلىدۇكى، «ۋەتەن» ئىككى قاتلاملىق مەنىدىكى ئېتنولوگىيىلىك تامغا ۋە ئاڭدۇر. بىرىنچىدىن، ھەربىر كىشىنىڭ ئۆز ئەجداد ۋە ئەۋلادى بىلەن ياشاپ كەلگەن ماكان — جۇغراپىيىلىك جەبىرىدۇر. بۇ تەبىئىي جۇغراپىيىلىك تارىخىي جۇغراپىيىلىك، رېئال —ئىجتىمائىي جۇغراپىيىلىك ماكان چەمبىرى بولۇپ

«ۋەتەن» كاتېگورىيىسىنىڭ تاشقى شەرتىنى كۆرسىتىدۇ. ھەربىر تۇغۇلغان پەرزەنت مۇشۇ ماكان چەمبىرىدە كۆز يورۇتىدۇ. ئىككىنچىدىن، ھەربىر كىشىنىڭ ئۆز ئەجداد ۋە ئەۋلادى بىلەن ياراتقان، ۋارىسلىق قىلغان مىللىي مەدەنىيەت تىپى، ئېتنىك روھىيەت خەزىنىسى —تىل، فولكلور، ئەدەبىيات ـ سەنئەت، ئۆرپ ـ ئادەت، ئىقتىسادىي تۇرمۇش رىجىسى، مىللىي تارىخىي ئەقىدە ـ مىزانلىرى، پەخرى ـ ئىپتىخارى ۋە ئار ـ نومۇس ئادەتلىرىدىن ھاسىل بولغان مىللىيەتلىك چەمبىرى بولۇپ، بۇ «ۋەتەن» كاتېگورىيىسىنىڭ ئىچكى شەرتلىرىنى كۆرسىتىدۇ. ھەبىر تۇغۇلغان پەرزەنت مۇشۇ مىللىيەتلىك چەمبىرىگە تۇغۇلىدۇ، ئۇنىڭدىن ھالقىپ چىقىپ كېتەلمەيدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»دىن

ھەربىر ئادەم مۇئەييەن «ۋەتەن» ۋە «مىللىيەتلىك»كە تەۋە بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ پۈتۈن بىئولوگىيىلىك تۈزۈلمىسى، ئىجتىمائىي خاراكتېرىگە يوشۇرۇن ئاڭ — تۇغما جىسمانىي ۋە ھېسسىي تامغا باسقان بولىدۇ. ئۇنىڭ قانداق ۋە قانچىلىك ئادەم بولالىشى ئومۇمەن ئۇ ياشىغان تارىخ مەزگىلىدىكى «ۋەتەن» ۋە «مىللىيەتلىك»

قىممىتىگە باغلانغان.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»دىن

«ۋەتەن» خۇددى ئانا قېلىپتەك ئۆز پەرزەنتلىرىنى يارىتىدۇ؛ ئوخشاشلا ئۇنىڭ پەرزەنتلىرى ئانا «ۋەتەن»نىڭ ھال - ئەھۋالى، قىممەت - ئېتىبارى ۋە تەقدىر - قىسمەتلىرىنى يارىتىدۇ. ھەر كىم، ھەر ئائىلە ئۆز ھال - پەزىلەتلىرىگە يارىشا ياشىغىنىدەك، ھەربىر مىللەتمۇ ھەممىدىن ئىلگىرى ئىچكى سەۋەبلىرى — ئۆز تۆركۈمىنىڭ ھال - پەزىلەتلىرىگە يارىشا تەقدىر - قىسمەت كەچۈرىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»دىن

«ۋەتەن»نى تەشكىل قىلغۇچى تاشقى ماكان ۋە ئىچكى مىللىيەتلىكتىن ئىبارەت ئىككى ئامىلدا ھەل قىلغۇچى ئامىل ئىچكى مىللىيەتلىكتۇر. ئەگەر بۇ ئامىل تارقاق، نادان ۋە جاھالەت ئىچىدە قالغان بولسا، تاشقى جۇغراپىيىلىك ماكان ئامىلى ئىستېلا ۋە دەپسەندە پەنجىسىدە ئۆز پەرزەنتلىرىگە زىت ۋاستىگە ئايلىنىدۇ. روشەنكى، مىللىيەتلىك تىپىك خاسلىقا ۋە شۇ سەۋەبلىك باشقا

مىللىيەتلىك تۇركۇم تەرىپىدىن چەتكە قېقىلىشتىن ئۆزگە تەق- دىرگە دۇچ كەلمىسىمۇ، ماكان ۋە ئۇنىڭ بايلىقلىرى ھەر قانداق ئېتنىك تۇركۇم تەرىپىدىن چەتكە قېقىلماي ئۆزلەشتۇرۇلىدىغان ئوبيېكتتۇر. «ۋەتەن»نى تەشكىل قىلغۇچى ئىككى ئامىلنىڭ بىر - بىرىدىن ئاجرىلىپ كېتىشى بىر - بىرىگە قارشى قىممەتكە ئىگە بولۇشى، تارىخنى بۇرمىلاش ۋە يەرلىك مىللەتنىڭ ئېتنىك مەدەنىيىتىنى ھاقارەتلەشتىن ئىبارەت غەيرىي نورماللىقنى جەزمە- لەشتۇرىدۇ. تەنتەنىلىك ئىبارىلەر بىلەن بېزەندۇرۇلگەن بۇ تارىخىي يۈزلىنىشنىڭ پاجىئەلىك ماھىيىتىنى كۆرمەسلىك ھەقىقەتتىن مەھرۇملۇقتۇر. بۇ پاجىئە ئۈچۈن پىداكارلىق قىلىش ساتقۇنلۇقتۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»دىن

«ۋەتەن» تارىخى ئىنسانىيەتنىڭ ئۆز - ئۆزىنى بىلىش، ئۆز ماھىيەتلىرىنى ئىزدەش، يورۇقلۇق ۋە ھەقىقەت ئىچىدىكى ھۆرلۈك ئۈچۈن كۈرەش قىلىش تارىخىدىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلمايدۇ. بۇ ئۇلۇغ ئىنسانىيەت بىلەن بىللە «ۋەتەن» ۋە مىللەتنىڭ نۇرانە ئىق- بالىدىن غايەت زور مۇمكىنلىكلەرنى يوققا چىقارمايدۇ. روشەنكى،

ھەرىكەت ئالەمنىڭ تىنىقى، ئۆزگىرىش جاھاننىڭ بىقارار قىياپىـ
تىدۇر. مۆجىزە — شەيئىلەر ۋە ھادىسىلەرنىڭ چېكىگە يەتكەندىكى
قايرىلىپ تەبەسسۇم قىلىشىدۇر.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «قەدىمكى مەركىزىي ئاسىيا»دىن

خەلقتىن دەرس ئالغان كىشىنىڭ ئارامى دائىم ئۆزى بىلەن
بىللە.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

مېنىڭ سېغىنىدىغىنىم ئىنسانىيەت ئارىسىدىكى ئاددىي ئاۋام
ئارىسىدا گەۋدىلەنگەن يۇكسەكلىك.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

ئۆز خەلقىگە ۋىجدانسىزلىق قىلغان ئاسىيدا، باشقا خەلق ئۇ-
چۇن ھېچقانداق ئىزگۇلۇكنىڭ بولماسلىقى ئۆز - ئۆزىدىن مەلۇم.



ئا. مۇھەممەتئىمىن: «سەۋدالىق تەئەججۇپنامىسى» دىن

بىز ئەجدادلىرىمىز ياراتقان ئاجايىپ مۆجىزىنى — يىپەك
يولىنى ئۇنتۇپ كەتكەندۇق. ئۇنىڭ قىسمەن بايقىلىشىدىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە تارقىتىش مەنبەسى

ئالەمشۇمۇل زىلزىلە قوزغالغانلىقىنى ھېس قىلالايمىز، ئۇنىڭ تەكتى ئەسرادا قالغان تەپەككۇر ھېكمەتلىرى تېخى سىرلىق. مەنە بۇ جەھەتتە دادىل ئېغىز ئېچىشمۇ ۋەھىملىك بولغان تېپىشماق بولۇپ تۇرماقتا. بىلىش ھاجەتكى، نۇرانە كەلگۈسى ئامۇ، سىر، يەنە سەي، تارىم تاش ـ تۇپراقلىرىدىن چىققان، چىقىدىغان جاۋاھىراتلار خەزىنىسىنى ئەمەس، بەلكى ئۆتمۈش بىلەن كەلگۈسىنى تۇتاشتۇرىدىغان يىپەك يولى باغرىدىكى تەپەككۇر ھېكمەتلىرىنىڭ خەزىنىسىنى ئۆزىگە ئۆلچەم قىلىدۇ. ئۆتمۈشتىن قالغان ۋە ئۆتمۈشكە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ قىممەتباھا جاۋاھىراتلار خەزىنىسىنىڭ تەكتىدە، ئۆتمۈشتە جۇغلانغان ۋە كەلگۈسىگە رەھنەمالىق قىلىدىغان ئۆلمەس مەنىۋى خەزىنە يېتىپتۇ. ئۇنىڭ تېپىشماقلىرىدا كەلگۈسىنىڭ ئالتۇن ئاچقۇچى ساقلانغان!

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولىدا قايتا ئويلىنىش» تىن



يىپەك يولىنى «جاھاننەما» قىلىپ، ئۇنىڭدىن ئۆز ـ ئۆزىنى كۆرۈش، يىپەك يولى ئۇلىغا كۆمۈلگەن تېپىشماقلارنى يېشىپ، ئۇنىڭدىن ئەقىل چىرىغىنى يېقىش ئۇچۇن خەلقىمىزگە ئىككى نەرسە كېرەك. ئۇنىڭ بىرىنچىسى، تارىخىي ئىپتىخار ۋە ئۇنىڭدىن

توغۇلغان ئىشەنچتىن ئىبارەت. ئۇنىڭ ئىككىنچىسى، تارىخىي خا-راكتېرلىك نومۇس تۇيغۇسى ۋە ئۇنىڭدىن يارالغان جاسارەتتىن ئىبارەت. قەدىمكى يىپەك يولىنى ئۇنتۇپ كەتكەن ۋە يېڭى يىپەك يولى بوسۇغىسىدا تەمتىرەپ تۇرغان خەلق ئۈچۈن بۇ ئىككى روھىي زىلزىلىنىڭ ھېچبىرىمۇ كەم بولماسلىقى كېرەك.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولدا قايتا ئويلىنىش» تىن

بەش ئەسىرلىك قاتتىق ئۇيقۇدىن كېيىن، قېقىلىپ ـ سو-قۇلۇپ، يېڭى يىپەك يولى ئالامەتلىرى ئالدىدا كېيىكتەك چۆچۈپ، ئېغىر خورلۇق ۋە ئۆزىنى كەمسىتىش روھىيىتىدە قورۇنۇپ تۇر-غان خەلقىمىزگە ئۇنىڭ ئەجدادلىرى ياراتقان تەڭداشسىز مۆجىزى-لەرنى تونۇتۇش ھەقىقىي ئىنسانپەرۋەرلىكنىڭ تۇنجى خىزمىتى-دۇر. مەيداندا مەردانە ۋارقىراپ ئېيتىش كېرەككى، ئۇلار بۇ شۆھ-رەتلىك تارىختىن خەۋەردار بولۇشقا ھوقۇقلۇق! ئىپتىخارلىق تارىخ —نومۇس ۋە ئىپتىخارنى پەرق ئېتىش قابىلىيىتىنى يوقاتمىغان مىللەت ئۈچۈن «ئابى ھايات» ۋە «ئىيسا دىمىدىسى» ھەتتا قەيسىرانە جاسارەت ئويغاتقۇچى نوپۇزلۇق ئاڭدۇر! ئۇنىڭغا تىلەكداشلىق ئىن-سانىي قەلبىنىڭ ئەقەللىي بېشارىتى، ئەلۋەتتە.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يىپەك يولدا قايتا ئويلىنىش» تىن

يول —ماكان، يول يۈرمەك زامان سۈپەتلىك جەرياندۇر. يول ئورىنتا بويلىغان يۆلتۈزلار ئۆچۈنمۇ، تۇرمۇش سەپىرى ۋە ئۆمۈر كارۋىنى ئۆچۈنمۇ مەۋجۇت نەرسە.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يول» دىن

يول —چەكسىز يايلاقتا، بىر - بىرىگە تۇتاشقان بوستان دىياردا، دېڭىز - ئوكيان ساھىلىدا، كائىناتقا ئۇچۇش مەيدانىدا، تەرەققىي جەريانلىرىدا، تەسەۋۋۇر قاناتلىرىدا، تارىخ داۋانلىرىدا داۋام قىلىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يول» دىن

يول — ماكان! ماكانلار زەنجىرى، ماكانلار سىكىلى، ماكانلارنىڭ زامان جەريانىدىكى ئاقما - راۋان ھالىتى. مەن ھەممە يېرى بىردەك ماكاننى كۆرمىدىم.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يول» دىن

يول —زامان! زامانلار ھالقىسى، زامانلار ئېقىمى، زامانلارنىڭ ماكان بوشلۇقىدىكى مېلودىك ئىلگىرىلىشى. مەن ھەمىشە بىر

خىل، بىر سىزىقتا، ئىزچىل كەتكەن تۇتاش زامانىي تەسەۋۋۇر قىلالىمىدىم.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يول» دىن

يول يەنە قالىدۇ! ئۇ، مۇنازىرىلەر ۋە سوكۇناتلار ئىچىدە، جەڭگى - جېدەل ۋە سۈلھىلەر ئارىسىدا، ۋىسال ۋە ھىجرانلار ئوتتۇرىسىدا، پىكىر توزاقلىرى ۋە ئىختىدا زالىپلىرى قۇچىقىدا، ئۈمىد ۋە ئۈمىدسىزلىك، ئەقىدە ۋە ساتقىنلىق، مۇھەببەت ۋە نەپرەت كۆكسىدە يەنە داۋاملىشىدۇ! ئۇنى ئاخىرلىتىش مۇمكىن ئەمەس. ھەقىقەت يول بويلاپ ئېچىلىدۇ، تەپەككۇر يول بويلاپ چېچىلىدۇ، تارىخمۇ يول تاالىرىدىن خۇددى گۈللۈك رەختلەردەك توقۇلىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «يول» دىن



ھېكمەتدارلىق قىممىتى ياراتقان قەھرىمانلار ئەل غېمىدە ئۆزىنى ئاتەشكە ئاتقان ۋە ھاكىملىق سەلتەنىتى بىلەن كىبىر تۇزانلىرىنى ئۆزگە يولاتمىغان روھىيەت ئەزىمەتلىرى ھېسابلىنىدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «تەڭرى، ئەلچى، قەھرىمان ۋە ھاكىم توغرۇلۇق سۆز» دىن

www.uyghurkitap.com

دۇنيا ماكان جەھەتتە ئويلىغىنىڭدىن بىقىياس كەڭ. زېمىن، مەملىكەت، شەھەر بويلاپ قىممىلداپ يۈرگەن سانسىز كىشىلەر تويى ئۈنىڭدا ھايات ـ مامات جېڭى بىلەن مەشغۇل. دۇنيا زامان جەھەتتە سەن ياشىغان ۋاقىت مۆھلىتىدىن بىتەققاس ئۇزۇن. ئۇ، ئەلمىساقتىن ئاخىر زامانغىچە كېلىپ ـ كېتىپ تۇرغان بىھىساب ئۆتكۈنلەر گۈرۈھىنى ئۆزىتىپ ھارغان.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «ۋاپا، جاپا ۋە بىۋاپالىق» تىن

ۋەتەنپەرۋەر ئادەمسىز ۋەتەنمۇ قەدرىنى تاپقان ۋەتەن ھېسابلىنالمايدۇ.

ئا. مۇھەممەتئىمىن: «مەن ۋە مېنىڭ خەلقىم»دىن



قەھەتچىلىك يىللاردا ئېلىڭ نەگە بارسا، سەنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە بارغىن، ئېلىڭگە قايغۇلۇق كۈنلەر چۈشكەندە، ئۇلار بىلەن بىللە بولغىن.

مەھمۇد قەشقەرى

كىتاب ئىسمى : ۋەتەن ھەققىدە ھېكمەتلەر
پىلانلىغۇچى : مۇرات ئىلى
باش تۈزگۈچى : ئادىل مۇھەممەت
تۈزگۈچىلەر : ئېزىز ئاتاۋۇللا سارتېكىن
ئابدۇقادىر ئاتاۋۇللا
تەكلىپلىك مۇھەررىر : ئامىنە كىچىك
مەسئۇل مۇھەررىر : ئەنۋەر قۇتلۇق
مەسئۇل كوررېكتورى : قەييۇم تۇرسۇن
نەشرىيات : شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى
شىنجاڭ ئېلېكترون ئۈن ـ سىن نەشرىياتى
ئادرېس : ئۈرۈمچى شەھىرى شىخۇڭ غەربىي يولى 36 ـ قورۇ
پوچتا نومۇرى : 830000
تارقاتقۇچى : شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسى
زاۋۇت : شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتى
فورماتى : 880mm×1230mm 32 كەسلەم
باسما تاۋىقى : 5 باسما تاۋاق
نەشرى : 2008 ـ يىل 9 ـ ئاي 2 ـ نەشرى
بېسىلىشى : 2008 ـ يىل 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
كىتاب نومۇرى : ISBN 978—7—80744—366—7
باھاسى : 12.90 يۈەن

(باسما ۋە بەت تۈپلەشتە خاتالىق كۆرۈلسە زاۋۇت بىلەن ئالاقىلىشىڭ )